# 252545 - دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئالىدىغان پىنسىيە پۇلى ۋە خىزمەت مۇكاپات پۇللىرىغا زاكات كېلەمدۇ؟

## سوئال

مەن پىنسىيە پۇلغا زاكات كېلىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، بەزى كىشىلەردىن يەنە زاكات كەلمەيدۇ دېگەن سۆزلەرنىمۇ ئاڭلىدىم، مېنىڭ ئەھۋالىم تۆۋەندىكىچە: ھەر ئايدا مېنىڭ رەھبىرىم، مېنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىمدىن مەلۇم مىقدارنى مەن خالىغان بىر پايدىلىنىش ساندۇقىغا قويىدۇ، ئۇ پۇلغا ھەر قېتىمدا مەلۇم مىقداردا ھەسسە قېتىلىدۇ، مۇشۇ ساندۇقتىن قىتىلغان ھەسسە، بىرلىكتە شىركەتنىڭ ئايلىق پۇل قىسمىغا كىرگۈزىلىدۇ، مەن 68 ياشقا كىرىپ دەم ئېلىشقا چىقمىغۇچە بۇ پۇلنى قايتۇرۇپ ئالالمايمەن، بۇ پۇل شىركەتنىڭ ئىش ھەققى ھېسابىدا كۆپ ئەمما يېنىمدا ئاساسەن يوق، بۇ پۇلغا زاكات بېرىش كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پىنسىيە پۇلى ساندۇقدا ساقلانغان پۇلغا خىزمەتچىنىڭ زاكات بېرىشى كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى خىزمەتچى پىنسىيىگە چىقمۇغۇچە ئۇ پۇلغا تولۇق ئىگە بولالمايدۇ، شۇنداقلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ پۇلدىن ئېلىپ ئىشلىتىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

بەشىنچى قېتىملىق زاكات قۇرۇلتىيىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: بىرىنچى: خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بېرىلىدىغان مۇكاپات پۇلى ۋە پىنسىيە پۇلى توغرىسىدا:

1-خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بېرىلىدىغان مۇكاپات پۇلى بولسا: رەھبەرلىكنىڭ خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خىزمەت قىلغۇچىغا بېرىش ئۈچۈن بېكىتكەن پۇلى بولۇپ ئۇ كىشى  خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىدارە-ئورگان ۋە شىركەتلەرنىڭ قانۇن پىرىنسىپى بويىچە بەلگىلەنگەن شەرتلەر تولۇق بولسا بۇ پۇلغا ئىگە بولىدۇ.

2-پىنسىيە پۇلى: دۆلەتنىڭ ياكى ئايرىم شىركەتلەرنىڭ خىزمەتچىگە ياكى ئىجتىمائى سۇغۇرتا قانۇنى بويىچە خىزمەت قىلغان ئىشچىغا پىنسىيە پۇلغا ئىگە بولىدىغان شەرتلەر تولۇق بولغان ۋاقىتتا بېرىش بېكىتىلگەن پۇلدۇر.

3-پىنسىيە پۇلى مەلۇم مىقداردىكى مال بولۇپ، خىزمەتچى ياكى ئىشچى دۆلەت ياكى ئايرىم شىركەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان قانۇن-پىرىنسىپلاردا بەلگىلەنگەن شەرتلەر تولۇق بولغاندا ھەر ئايدا خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ پۇلغا ئىگە بولىدۇ.

4-ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەت بىلەن ئېرىشىدىغان بۇ پۇلغا زاكات كەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ پۇلدا زاكاتنى ۋاجىپ قىلىدىغان تولۇق ئىگە بولۇش دېگەن شەرت تېپىلمايدۇ.

5-بۇ پۇللار: دۆلەت ياكى شىركەت تەرىپىدىن پالانى ۋاقىتتا ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ دەپ قارار قىلىنسا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بۇ پۇلنى بىر قېتىمدا ياكى مەلۇم مۇددەتتە تاپشۇرۇپ ئالسا، ئۇ ۋاقىتتا مالغا تولۇق ئىگە بولغان بولىدۇ، ئاندىن تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە مەنپەئەتلەنگەن مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىدۇ.

تۇنجى قېتىملىق زاكات قۇرۇلتىيىدا: بۇ پۇللار ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ يېنىدا بار بولغان ئومۇمى ئىقتىسادىغا قېتىلىپ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن ۋە ئۇنىڭغا تولۇق بىر يىل بولغان بولسا، بۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ دېيىلگەن. [دوكتۇر ۋەھبە تىز زۇھەيلىنىڭ"ئىسلام پىقھىسى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى" ناملىق ئەسىرى"10-توم 7948-بەت].

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: سىز بۇ مالنى رەسمى تاپشۇرۇپ ئالمىغۇچە سىزگە زاكات بېرىش كېرەك بولمايدۇ، تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يېنىڭىزدا بار بولغان ئومۇمى ئىقتىسادقا قېتىپ پايدىلانغاندىن كېيىن بۇ سىزنىڭ تولۇق مۈلكىڭىز بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا زاكاتنى ئادا قىلىسىز. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 75390- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.